شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
20
جۈمە
维吾尔文 3 月20日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25006 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يامان ئەلپازدا كەلدى، جۇڭگو جەزمەن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، باتۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇردى، چۈنكى بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق، ھازىر جۇڭگونىڭ دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى تېز ئەسلىگە كەلدى. بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جېڭىمىز ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىشەنچىمىز بار، ئىقتىدارىمىز بار، كۆزىمىز يېتىدۇ. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىنى ئاساس قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەش ④

مەنزىرە رايونلىرى كىشىلەر بىلەن ئاۋاتلاشتى

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئارتىسلار شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونىدا ئۇسسۇل ئوينىماقتا. شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازار مەنزىرە رايونى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تىجارەتنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى، ساياھەتچىلەر كۈنسېرى كۆپەيدى. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **رىن جياڭ، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «مەن ھەر يىلى بوغدا كۆلىگە بىرنەچچە قېتىم كېلىمەن، لېكىن بۇ قېتىم كەلگەندىكى ھېسسىياتىم پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، مەن ھېس قىلغان گۈزەللىكتىن كۆپچىلىكنى تەڭ بەھرىلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىگە شىنجاڭنى چۈشەندۈرىمەن، شىنجاڭنى تونۇتىمەن» دېدى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ساياھەتچى ليۇ جيې خۇشال ھالدا. شۇ تاپتا بوغدا كۆلىدە «يېرىمى سۇزۇك مۇز، يېرىمى سۇ»دەك ئاجايىپ مەنزىرە نامايان بولغان بولۇپ، ليۇ جيې ساياھەت قىلغاچ سىنغا ئالدى ھەم دوۋيىنغا يوللىدى.

شۇ كۈنى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىغا كەلگەن ساياھەتچى 600 كىشىدىن ئاشتى. «مەنزىرە رايونى ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن بۇيان، ساياھەتچىلەرنىڭ سانى كۈنسېرى كۆپەيدى» دېدى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى تەشۋىقات - تەربىيە - قانۇن - نىزام باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ليۇ ۋېنيى تونۇشتۇرۇپ.

شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت ساھەسىدە ئىش ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 440 مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىسى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپلىك ئېچىۋېتىلىپ، مەنزىرە رايونى، مەنزىرە نۇقتىلىرىدىكى ساياھەتچىلەر كۈنسېرى كۆپەيدى.

ماسكا تاقاش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، قولنى پات - پات يۇيۇش... تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدىكى رادىيودا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەزمۇنلىرى تەكرار ئاڭلىتىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ماسكا تاقاپ، تەرتىپلىك ئۆچرەتتە تۇرۇشى ئەسكەرتىلدى؛ مەنزىرە رايونىدىكى تازىلىق ئۆيىگە قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى سەپلەنگەن، تاشلاندۇق ماسكا مەخسۇس ئەخلەت ساندۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ساياھەتچىلەر ئېقىمنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلىش ئۈچۈن، بۇ مەنزىرە رايونى ساياھەتچىلەرنىڭ توردا راست نام تىزىملىتىپ بويىچە بېلەت سېتىۋېلىشنى يولغا قويدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپلەر ئارقىلىق 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق 100 مىڭ 800 كىشىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولىدىكەن.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئېغىر نامرات رايونلاردا توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، شارائىتقا قاراپ خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېزا - كەنت ساياھىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ يىل 100 مىڭ 800 نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

لوپ ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى جۇۋجۇننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ ناھىيە بۇ يىل كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىلىق 5500دىن كۆپرەك نامرات نوپۇسنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىكەن، ئاساسلىقى باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق كەسپىگە تايىنىپ، زەمبۇرۇغ يېتىشتۈرۈش ۋە كەپتەر، توشقان، ئۆردەك قاتارلىق باقمىچىلىق كەسپىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىكەن. نۆۋەتتە، ناھىيە يېڭى كەسىپلەرنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، نامرات نوپۇسنىڭ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈۋېتىپتۇ.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

بۇ يىل 865 جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرادىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋ**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ۋۇ چىنىڭ جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھ چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا ئالاتاۋ پورتى، قورغاس پورتى ۋوگزالىدىن ئىبارەت ئىككى پورتنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، چېگرادىن چىقىدىغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى سىجىل كۆپەيتىلگەن. 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگىچە، ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 353 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 31.7% ئاشقان؛ قورغاس پورتى ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 512 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 5.4% ئاشقان.

ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالاتاۋ پورتى ۋوگزالى ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش پىلانىغا ئاساسەن،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

خەندەندە 18 يىل ئىشلەمچىلىك قىلىپ، ياردەمگە ئېرىشىشتىن 260 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكىچە

شىنجاڭلىق «كاۋاپچى» ئەر - خوتۇن مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزدى

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تۇنىياز مەمەت ئەر - خوتۇن كالا قوتىنىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. □ جاۋ مىنيۈەن فوتوسى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **لىيەن شۆتىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىچىئېرىق بازىرى توما كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى تۇنىياز مەمەت ئىزچىل تۈردە يىراقتىكى خېبېي ئۆلكىسى خەندەن شەھىرى فېڭفېڭ كان رايونىدىكى باللارنىڭ غېمىنى يەپ كەلدى. «فېڭفېڭ كان رايونىدىكى تۆت بالىنىڭ بۇ مەۋسۇملۇق ئوقۇش ھەققىنى كان رايونىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئەۋەتىپ بەردىم ھەم تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدىم» دېدى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇنىياز مۇخبىرغا.

تۇنىيازنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ مېھىر - شەپقەت ئىئانە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىلغان بىرقانچە لەۋھە ئېسىلغانىدى. يېقىنقى يىللاردا، ئۇ ۋە خوتۇنى ھوشۇخان توختى ئۇدا 260 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ئىئانە قىلىپ، فېڭفېڭ كان رايونى ۋە يۇرتىدىكى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا ياردەم بەردى ھەم ۋېنچۈەندىكى يەر تەۋرىگەن ئاپەت رايونىغا، يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى.

«بىز فېڭفېڭ كان رايونىدا 18 يىل تۇردۇق، ئۇ يەردە نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار. بىز ئەڭ قىيىن ۋاقىتتا، نۇرغۇن ياردەمگە ئېرىشكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ئىقتىدارىمىز بار چاغدا، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا ياردەم بېرىشىمىز تېگىشلىكتۇر» دېدى تۇنىياز.

2001 - يىلى، تويى قىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان تۇنىياز ئەر - خوتۇن ئارزۇ -

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تېخىمۇ كۆپ مەزمۇننى ئىگىلەش
كودنى سكانېرلاپ كۆرۈڭ

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 99.3%كە يەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يېنىڭ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنىگە قەدەر، پىلان بويىچە يۇقىرى پەللىدىن چەتنەپ ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغان سېمونت كارخانىلىرى، بېتون، ئالدىن ياسالغان تاختا، پولات قۇرۇلما قاتارلىق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ھەمدە ھەر يىلى پەقەت 3 -، 4 - پەسىلدىلا ئىش باشلىنىدىغان شوخلا قىيامى، ئۆرۈك مۇراببابىسى، قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىپ پىششىقلاش كارخانىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا كۆلەملىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىش باشلاش نىسبىتى 99.3%كە يەتكەن، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن خادىملار نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئادەم سانىنىڭ 91.2%نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ئىسرائىل ئىسمائىلنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايون يۇقۇم ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى توغرا ئىگىلەپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەدەت بېرىدىغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورتتا ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولغان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى ئاچتى

جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پۇختا ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلدە غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىنىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى، بۇ بىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇشىمىز، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شەۋكەت ئىمىن چىرا ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى

مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **يۈەن جۈن، ئابلىمىت مەتسايىم** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 18 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شەۋكەت ئىمىن ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىر نامرات ناھىيە چىرا ناھىيەسىگە بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى نەق مەيداندا قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نۇرلان ئەبلەمجىن پەيزاۋات ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى

قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **خەن چىنيەن**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **مىرزا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبلەمجىن ئۆزى مەسئۇل بولغان ئېغىر نامرات ناھىيە پەيزاۋات ناھىيەسىگە بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە ۋۇۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)